# ﴿جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەنلەر كىملەر﴾

[ئۇيغۇرچە]

# ﴿من هم العشرة المبشرون بالجنة﴾

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: مىنەۋۋەر بىنتى نىئمەتۇللاھ

المترجم: منورة بنت نعمة الله

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1432 - 2011

islamhouse.com

# جەننەت بىلەن خوش-بىشارەت بېرىلگەنلەر

5852- نومۇرلۇق سوئال

سوئال :

جەننەت بىلەن خوش-بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە كىملەردىن ئىبارەت؟ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر.

جەننەت بىلەن خوش-بىشارەت بىرىلگەن ئون كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى كىشىلەردۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : «ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير جەننەتتە، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، سەئدى جەننەتتە، سەئىيد جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ جەننەتتە.» [تىرمىزى رىۋايەت قىلغان 3680-ھەدىس].

بەزى رىۋايەتلەردە سەئدىنىڭ ئىبنى ئەبى ۋەققاس ۋە سەئىيدنىڭ سەئىيد ئىبنى زەيد ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلاردىن باشقا بىر نەچچە ساھابىلەرمۇ جەننەت بىلەن خوش-بىشارەت بىرىلگەن بولۇپ، ئۇلار خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەككاشە ئىبنى مۇھسىن (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدىكى ھەدىستە ئۆن كىشىگە بىرلا بىشارەت بېرىلگەنلىكى سەۋەبىدىن "جەننەت بىلەن خوش-بىشارەت بېرىلگەن ئون كىشى" دەپ ئاتالدى.

ھەممىنىڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.